
تالايەتكە ئۇچرىغان باغ
غۇنچىلار
مەنبە: قصص و حكايات بالعربي


ـ دادا، بۇ يىل بىغىمىزدىن ئەجەپ كۆپ مول-ھوسۇل ئاپتۇق - ھە!
ـ ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە چەكسىز شۈكرىلەر بولسۇن، ئوغلۇم.
ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەھمەد تاغا.
ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.



- بىزگە مېۋىلىرىڭىزدىن ئازراق بەرگەن بولسىڭىز.
- بولىدۇ، سەدىقە بىزنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىز.
- دادا، ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن بۇ مېۋىلەردىن بېرىمىز؟
- ئوغلۇم، ئاللاھ بىزگە مۇشۇ سەدىقە سەۋەبلىك بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ، بېخىل كىشىنىڭ مال-دۇنياسىدا بەرىكەت بولمايدۇ.
غۇنچىلار


-ئېلىڭلار، ئېلىڭلار... بۇلار سىلەرنىڭ ھەققىڭلار.
ئۇ ئىسىل بوۋاي ۋاپات بولغاندىن كېيىن:
ــ ئەتە بېغىمىزنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزىمىز، دادىمىزغا ئوخشاش سەدىقە بېرەمدۇق؟
ــ ياق، نېمىشقا مىڭبىر جاپادا ئېرىشكەن مېۋىلەرنى ئۇلارغا بەرگۈدەكمىز؟
غۇنچىلار


ـ ئەمما كەمبەغەللەر ئەتە سەدىقە سوراپ بېغىمىزغا كېلىدۇ.
ـ بىز بۈگۈن كېچە باغقا بېرىپ مېۋىلەرنى ئۈزۈۋالايلى، كەمبەغەللەر كېلىپ بولغۇچە، ھەممىنى يىغىپ بولىمىز.
ـ تېزراق بولايلى!
كەمبەغەللەر بىزنى كۆرمەستە مېۋىلەرنى تېز يىغىۋالايلى.
4


غۇنچىلار
ـ ۋاي ئاللاھا! بۇ نېمىش؟
ـ بېغىمىزغا نېمە بولدى؟ پۈتۈن مېۋىلەر تالاپەتكە ئۇچراپتىغۇ؟!
ـ بىز كەمبەغەللەرگە ھەقلىرىنى بەرمەسلىكنى نىيەت قىلغانىدۇق، بۇ ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن جازاسى.
ـ بىز تۈگەشتۇق، كاشكى كەمبەغەللەرنىڭ ھەقلىرىنى دادامغا ئوخشاش بەرگەن بولساقچۇ!


– بىخىللىقىمىز سەۋەبىدىن ئاللاھ بىزنى جازالىدى.
– شۇنداق، بىز ئەمدى ھەممە نەرسىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق.
– ئى ئاللاھ، بىزنى كەچۈرگىن، رىزقىمىزنى كەڭ قىلغىن، بۇنىڭدىن كېيىن كەمبەغەللەرنىڭ ھەققىنى چوقۇم ئادا قىلىمىز.
– ھەقىقەتەنمۇ مال-دۇنيا سەدىقە بېرىش بىلەن تېخىمۇ كۆپىيىدىكەن.

قىسسىدىن ئالىدىغان ئىبرەتلەر:

بايلارنىڭ مال-دۇنياسىدا كەمبەغەللەرنىڭ
مەلۇم مىقداردا نېسىۋىسى بار.
مۇسۇلمان كىشى كەمبەغەللەرگە
مال-مۈلكىدىن سەدىقە ئايرىشى لازىم.
سەدىقە ئايرىماسلىق مال-دۇنيانىڭ
بەرىكىتىنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ.





غۇنچىلار